# مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى ئۆلگىدۇر

[uyghur-ئۇيغۇرچە- الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئەلى ئىبنى ئابدۇرەھمان ھۇزەيپى

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ محمد - صلى الله عليه وسلم - القدوة الحسنة ﴾

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ علي بن عبد الرحمن الحذيفي

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر

2011-يىلى 07-ئاينىڭ 01-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتنىڭ ئىمامى ئاللاھ تائالاغا ھەمدە-سانا ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈز مىڭلىغان مۇسۇلمانلارغا "مۇسۇلمانلار نەپسىنى ئىسلاھ قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى بارلىق ئىشلاردا ئۈلگە قىلىپ ياشىشى كېرەك" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى قىممەتلىك تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئىنسانلارنىڭ ياخشى ۋە باياشات، خاتىرجەملىك تۇسى ئالغان بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقالىشى، ئۇلارنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىغا ساغلام رەۋىشتە قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئېتىقاد قىلىشىغا باغلىق بولۇش بىلەن بىرگە، كېلىچەك ئەۋلادلارغا بارلىق پەزىلەتلەردە ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. ياخشى ۋە پەزىلەتلىك ئەمەللەرنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالا شەخس ۋە ئائىلە شۇنداقلا جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق دۇنيا گۈللىنىدۇ، ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئومۇملىشىدۇ، ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرى بەختكە چۆمىدۇ-دە، نەتىجىدە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن

قىلغان سالىھ ئەمەللىرى سەۋەبلىك يۈقىرى مەرتىۋىلەرگە مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ.» [سۈرە كەھف 107-ئايەت].

نەمۇنىلىك ئىنسانلار ياش-ئەۋلادلارنى دىنى-ئېتىقاد، ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتلەردە توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئالى نىشان ۋە يۈقىرى غايىگە يېتىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئىش-ئىزلىرىغا ئەگىشىدىغان نەمۇنىلىك كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، يەنى دىن-دۇنيا ئىشلىرىدا ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا رەھمەت-شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان نەمۇنىلىك ئۆلگە قىلىپ، ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى، ئۇلار ئىنسانلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن چەكلەپ، يەككە-يېگانە ئىبادەتكە لايىق ھەق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت، ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى بەرپا قىلىش، شۇنداقلا دۇنيا-ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇپ، تۇرلۇك رەزىللىك، پەسكەشلىك، بۇزۇقچىلىقتىن چەكلىدى ۋە ئۇلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇردى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: "ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا

ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار" دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار.» [سۈرە نەھل 36-ئايەت].

ھەر بىر ئۈممەتكە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر، بارلىق ئىشلاردا شۇ ئۈممەتكە ئۈلگە بولىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئىلغار-ياخشى كىشىلىرى ئاشۇ پەيغەمبەرگە ھەمراھ بولۇپ بىر دەۋىردە ياشىغان كىشىلەردۇر، چۈنكى ئۇلار ئۇ پەيغەمبەر بىلەن بىر دەۋىردە ياشىدى ۋە ئۇنىڭ ھەممە ئىش-پائالىيەتلىرىنى كۆردى ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ياخشىلىقتا نەمۇنىلىك ئۈلگە بولالايدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىكنى، ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، پەزىلەت ۋە ئېسىللىكنىڭ ساھىبى بولغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇردى. ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن-شەرىئەت ئارقىلىق، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلاھى قانۇن-تۈزۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمىگەن ھېچبىر كىشىنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل

قىلمايدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بويىچە ئەۋەتىلگەن نەمۇنىلىك ئۈلگىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام ئۈممىتىگە ئۈلگە، ئىنسانىيەتكە نەمۇنە قىلدى. ئۇنىڭ دىنىغا كىرىشنى مەقسەت قىلغان ھەرقانداق كىشىگە ئاللاھ كاتتا نېمەت ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىگە بارلىق ياخشىلىق، ئېسىللىك، ئەخلاق-پەزىلەتنى مۇجەسسەملەشتۈردى، ئۇنى پۈتۈن ھاياتىدا توغرا يولدا دەپ سۈپەتلەپ قەسەم قىلدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلىدى. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئەيىب-نۇقسان، كەمچىللىكىدىن پاك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر، ئەڭ توغرا يول مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىدۇر، ئىشلارنىڭ ئەڭ قاباھەتلىكراقى، دىن نامىدىن يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشلاردۇر، دىن نامىدىن يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرقانداق ئەسلى يوق ئىشلار ئازغۇنلۇقتۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ساھابىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ئىنسانلار بولۇشىدىكى بىردىن-بىر سىر، ئۇلار ھاياتىدىكى بارلىق ئىشلىرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكى، يەر شارىدا ئىسلام دىنىنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتى بىلەن ياردەم بەرگەنلىكى، دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى ھارماي-تالماي كۆرەش قىلغانلىقى، بۇ يولدا ئۆزلىرىنىڭ جانلىرى، ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقى ۋە ئاخىرقى ھاياتىغىچە قۇرئان-ھەدىس روھىنى زېمىن ئەھلىگە تارقىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. ئۇلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك-شەرەپلىك، نەمۇنىلىك كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئۇلارنىڭ پەزىلىتى، ياخشىلىقى ۋە جەننەت ئەھلى ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنى پەقەت ئىككى يۈزلىمچى مۇناپىقلارنىڭلا ياقتۇرمايدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى، چۈنكى ساھابىلار دىنىنىڭ بىزلەرگە قەدەر يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن بىز بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئارىسىدىكى ۋاستىدۇر، ئۇلارنى ياقتۇرمايدىغانلار بولسا، ئاللاھنىڭ دىنىنى ياقتۇرمايدىغانلاردىندۇر. (يەنى ئۆز ياراتقۇچىسىغا گەدەنكەشلىك قىلىشنى ئىختىيار قىلغانلاردۇر).

پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئەگىشىش مۇسۇلمان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر، مۇسۇلمانلار ئۇلار ئارقىلىق توغرا يولنى تاپىدۇ، ھەقىقەتتە تەۋرەنمەي

تۇرىدۇ، ئۇلار ئارقىلىق ھەق بايرىقىنى لەپىلدىتىدۇ، باتىل يوللاردىن ساقلىنىپ، جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولغا ئېرىشىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى ئۆلگىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، ئاندىن ساھابىلاردۇر، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىنكى ئىسلامدىكى توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئالىملار ۋە يىتەكچىلەردۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەممە كىشى خاتالىقتىن ساقلىنالمايدۇ. ئىسلام ئۈممىتى ۋە شەخسلەرنىڭ ھاياتىدا كۆرۈلگەن كەمچىلىكلەر، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ھاياتىدىكى بارلىق ئىشلىرىدا نەمۇنە قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا تولۇق ئەگىشىش، سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش، كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىشى، بۇ مەقسەتكە يېتىش يولىدا نەپسى بىلەن كۆرەش قىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ساھابىلەرنىڭ يولىدىن مېڭىش كېرەك. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار دۇنيا-ئاخىرەتتە خار بولىدۇ ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان بارلىق ئىشلىرىنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ياشاشقا تىرىشچانلىق

كۆرسىتىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: "ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر". ئېيتقىنكى: "ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار". ئەگەر ئۇلار ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ كاپىرلارنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ.» [سۈرە ئال-ئىمران 30-31-ئايەتلەر].

ئۆسمۈر يېتىلىۋاتقان ياش-ئەۋلادلار كۆزى بىلەن كۆرگەن ياكى ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرى، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلار ۋە جەمئىيەتتە ئۆزىدىن چوڭلاردىن ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىگە ئەگىشىدۇ، ئەگەر ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى سۆزلىرىنى ئاڭلىسا ياخشىلىققا يۈزلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئۆسمۈر ۋە ياشلارغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك قاناللار، ئېنتېر تورلىرى، قول تېلېفۇنلىرى قاتارلىق قوش بىسلىق ھەر-خىل مېدىيا ۋاستىلىرى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىۋاتقان زاماندا، مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ ئىمانى ۋە مىللى كىملىكىنى ساقلاپ

قىلىش ئۈچۈن ئىسلامىي ۋە دىنى تەلىم-تەربىيەنى چىقىش قىلغان ئەخلاق-پەزىلەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ يەنىلا ھاياتىمىزدىكى بارلىق ئىشلىرىمىزدا رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلارنى ئۆلگە قىلىپ ياشاشقا تىرىشىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر.» [سۈرە ئەھزاب 21-ئايەت].

يەنى بىر ئايەتتە: «ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى! ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەر سىلەرگە ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلىدىغانلارغا ياخشى نەمۇنىدۇر، كىمكى ئىماندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىلسۇنكى ئاللاھ ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنداقلاردىن بىھاجەتتۇر، ئاللاھ مەدھىيىگە لايىقتۇر.» [سۈرە مۇمتەھىنە 6-ئايەت].

جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن تۇرمۇش شارائىتلىرىنى بەرپا قىلىشىمىزغا مۇيەسسەر قىلسۇن. ئامىن.